# ئون بىرىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئا: سىز نەگە بارىسىز؟ ئە: مەن [مەكتەپكە / دوختۇرخانىغا / پوچتىخانىغا / بانكىغا] بارىمەن.

II

ئا: سىلەر نەگە بارىسىلەر؟ ئە: [ئىشقا / يىغىنغا / سودا سارىيىغا / كىتابخانىغا] بارىمىز.



III

ئا: بۇ رەسىمنى كىمگە بېرىسىز؟ ئە: بۇ رەسىمنى [مەخمۇتقا / دىلمۇراتقا / ئىلشاتقا / تاغامغا] بېرىمەن.

IV

ئا: سىز كۆنۈكمە ئىشلەۋاتامسىز؟

ئە: ھەئە، كۆنۈكمە ئىشلەۋاتىمەن.

ئا: ئۇلار نەشرىياتتا پراكتىكا قىلىۋاتامدۇ؟

ئە: ھەئە، ئۇلار نەشرىياتتا پراكتىكا قىلىۋاتىدۇ.

كۆر-　　ئاڭلا-　　كىر يۇ-

ياز-　　ئۇخلا-　　تەرجىمە قىل-

ئوقۇ-　　دەم ئال-　　گىمناستىكا ئوينا-

3- بېرىلگەن سۆزلەرنى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇپ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

مۇئەللىم، ئوقۇغۇچى، سىلەر، سىز، مەن، ئۇ

① (　　) نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

② (　　) دەرس تەكرارلاۋاتىمەن.

③ (　　) يېڭى سۆزلەرنى سۆزلەۋاتىدۇ.

④ (　　) دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتىدۇ.

⑤ (　　) تېكىستنى ئوقۇۋاتىسىلەر، (　　) مۇ تېكىستنى ئوقۇۋاتىدۇ.

4- تۆۋەندە بېرىلگەن تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Kütüphanede bazı öğrenciler ders çalışıyorlar, bazıları gazete okuyorlar.

2) Üç gündür yağmur yağmakta.

3) Aykut Ğulcu’da yaşamakta.

4) Her gün spor yapmaktayım.

5) Hasta hızla iyileşmekte.

6) Aynur hoca ders anlatmakta.

7) Çocuklar parkta oynuyorlar.

8) - Hangi bölümde okuyorsun?

ئوغۇل + ئۇڭ ← ئوغلۇڭ　　　شەكىل + ى ← شەكلى

كۆڭۈل + ى ← كۆڭلى　　　ھۆكۈم + ى ← ھۆكمى

## گراماتىكا

پېئىل زامانلىرى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «پېئىل زامانلىرى» دېگەن ئۇقۇمدىكى «زامان» ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. پېئىللاردا ئىپادىلىنىدىغان ۋاقىت زامان بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى**

1) ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولماي‍ۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ھازىرقى زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن خەت يېزىۋاتىمەن.

② يۈسۈپ ئاڭلىتىش بېرىۋاتىدۇ.

2)- ۋۇا ت -، - ئۇۋات ،-ۋات، - ىۋات قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ پېئىل تومۇرىغا قوشۇلۇشى ئارقىلىق پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى تۈزۈلىدۇ.

كۆرۈۋاتىمەن　　　يېزىۋاتىسىز　　　قوپۇۋاتىمىز　　　ئوقۇۋاتىدۇ

ئىزاھات: ئە، ئا بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل تومۇرىغا پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى - ۋا ت قوشۇلغاندا، ئە،ئا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلا + ۋا ت ←ئاڭلاۋ ت
تەكرارلا + ۋا ت ←تەكرارلاۋا ت
ئىشلە + ۋا ت ←ئىشلەۋا ت
يە + ۋا ت ←يەۋا ت

## كۆنۈكمە

1-تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارغا شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ (ئى، ئۈ، ئۇ تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا دىققەت قىلىڭ).مەسىلەن:

پىكىر　　　كۆڭۈل　　　جىسىم　　　زېھىن

2- تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنىڭ بولۇشلۇق كاتېگورىيىسىنى يېزىپ چىقىڭ.

دە-　　　ئىشلە-　　　تەكرارلا-